# 43840 ـ مەھدىينىڭ ھەقىقىيلىقى ۋە قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ تەرتىپى

## سۇئال

ئىمام مەھدي كىم ياكى كىم ئۇ بولىدۇ ؟ قۇرئان ۋە ھەدىيستە ئۇنىڭ مەيدانغا كىلىشى ھەققىدە دەلىل بارمۇ ؟ قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ يۈز بىرىش تەرتىپى قانداق بولىدۇ ؟ يەنى ، ئىمام مەھدىينىڭ چىقىشى ، دەججالنىڭ سىھري كۆچى ( پىتنىسى) ، يەجۇج ـ مەجۇج ۋە ھەزرەت ئەيسانىڭ چۈشىشى قاتارلىقلار. تەپسىلي جاۋاپ بەرسىڭىزلەر .

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن.

ئىمام مەھدي بولسا مۇھەممەدنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغان توغرا يوللۇق كىشى بولۇپ ، ئۇ زامان ئاخىرى بولغاندا مەيدانغا چىقىدۇ . ئۇ ئارقىلىق ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ . ھەمدە زىمىنغا ، ئۇ زۇلۇم ۋە ئىبزىشقا تولغىنىدەك ، ئادىللىق ۋە باب ـ باراۋەرلىكنى تولىدۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئىسمى پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) دادىسىنىڭ ئىسمى بولىدۇ . شۇڭا ئۇ مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ مەھدي ، ياكى ئەھمەد بىن ئابدۇللاھ مەھدي بولىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ نەسەبى پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) قىزى فاتىمەگە ئۇلىشىدۇ ، ھەمدە ئۇ ھەسەن بىن ئەلىينىڭ ئەۋلادىدىن بولىدۇ . ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ بەلگىسى بولسا دەۋرنىڭ بۇزۇلىشى ، زىمىننىڭ زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىققە تولۇشى .

ئۇنىڭ مەيدانغا كىلىشى ۋە يۇقۇردا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر نەچچە ھەدىيس بار . بۇ نەقىللەر بىرلەشتۈرۈلسە ، مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يىتىپ بارىدۇ ( يەنى ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەردىن نەقىل قىلىغان ،ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر يالغانچىلىققا بىردەك بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ) بۇ 1252- سۇئالدا تىخىمۇ تەپسىلي چۈشەندۈرلىدۇ .

قىيامەتنىڭ ئالامەتلرى كۆرلىدىغان تەرتىپلەرگە كەلسەك ، ئالىملار ئوتتۇرسىدا بەزى ئىختىلاپى قاراشلار بار . سەۋەبى ، ئۇ لارنىڭ تەرتىۋى سۈننەتتە كەلمىگەن ، لىكىن ئالىملار بەزى ھادىسىلەرنىڭ تەرتىۋىنى تۆۋەندىكىچە جەزملەشتۈردى :

1- قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرىنىڭ مەيدانغا كىلىشى : ئۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇئەييەن تەرتىپ يوق . بۇلار : پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆلىمى ، ئەمۋاس ۋاباسى ، پىتنىلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشى ، سەممىيلىكنىڭ يوقۇلىشى ، بىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يوقۇلىشى ، نادانلىقنىڭ مەيدانغا چىقىشى ، جازانە ، چالغۇلار ۋە ھاراقنىڭ كىڭيىشى ، ۋە ئۇلارنى ھالال دەپ قاراش ، ئىگىز بىنالارنى سىلىشتا بەسلىشىش ، قان تۆكۈشنىڭ كۆپ

بولۇشى ، ۋاقىتنىڭ بەك تېز ئۆتۈپ كېتىشى ، مەسچىدلەرنىڭ بىزىلىشى ، شېرىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشى ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ كېڭىيىشى ، بېخىللىقنىڭ كۆپ بولۇشى ، كۆپ يەر تەۋرەشلەر ، تاغ گۈمۈرلۈپ چۈشۈش ، قىياپەت ئۆزگىرىش ۋەئاسماندىن تاش چۈشۈشنىڭ كۆرۈلىشى ، توغرا يوللۇق كىشىلەرنىڭ يوقۇلىشى ، مۇئمىنىنىڭ چۈشىنىڭ راست چىقىشى ، سۆزنەتلەرگە سەل قاراش ، يالغانچىلىقنىڭ كۆپ بولۇشى ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ كۆپ بولۇشى ، تۇيۇقسىز ئۆلۈمنىڭ كۆپ بولۇشى ، يامغۇرنىڭ كۆپ يېغىشى لېكىن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاز بولۇشى ، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش ، رىملىقلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ، ۋە باشقا پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) دىن نەقىل قىلىنغان سەھىيھ ھەدىيسلەردىكى ئالامەتلەر .

2- مەھدىينىڭ مەيدانغا كىلىشى ، ئۇ دەججالنىڭ چىقىشىدىن بۇرۇن ، ۋە ئەيسا بىن مەريەمنىڭ چۈشىشىدىن بۇرۇن مەيدانغا كىلىدۇ . بۇ جابىرنىڭ ھەدىيسىدە كۆرسىتىلگەن ، ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : ئەيسا بىن مەريەم چۈشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبىرى مەھدىي : "كىلىپ ، بىزگە نامازدا ئىمام بولغىن ،" دەيدۇ . ئۇ : " ياق ، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە قىلغان ھۆرمىتى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئىمام بولىدۇ " دەيدۇ . [ ئۇنى ئەبۇ ئۇسامە مۇسنەدىدە نەقىل قىلغان . ھەمدە ئىبنۇ قەييىم مەنار ئەل مۇنىيف تە ئىسنادى ياخشى دىگەن .

بۇ ھەدىيسنىڭ ئاساسى مەزمۇنى سەھىيھ مۇسلىمدا رەھبەرنىڭ ئىسمى ئاتالماستىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: ... ئەيسا بىن مەريەم چۈشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبىرى مەھدىي : "كىلىپ ، بىزگە نامازدا ئىمام بولغىن ،" دەيدۇ . ئۇ : " ياق ، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە قىلغان ھۆرمىتى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئىمام بولىدۇ " دەيدۇ . [ ئۇنى مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 225 ] شۇنىڭ بىلەن ئەيسا( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) مەھدىيگە ئىقتىدا قىلىدۇ ،بۇ ئۇنىڭ ئەيسادىن بۇرۇن كىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ھەمدە ئەيسا دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ ، بۇ دەججالنىڭ مەھدىنىڭ زامانىدا مەيدانغا كىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ( 10301- سۇئالغا قاراڭ )

3- دەججالنىڭ چىقىشى . ( ئۇنىڭ چىقىشىنىڭ تەپسىلاتىنى 8806- ، 171- ، 8301- سۇئاللاردىن كۆرۈڭ .)

4- ئەيسا بىن مەريەمنىڭ چۈشىشى ۋە ئۇنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرىشى . ( 10302- سۇئالغا قاراڭ )

5- يەجۇج ۋە مەجۇجنىڭ چىقىشى ، يەجۇج ۋە مەجۇجنىڭ چىقىشىنىڭ ئەيسا ( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) زامانىدا بولۇشىنى نەۋاس بىن سەمئاننىڭ ھەدىيسى . ئۇنىڭدا پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئۇلارغا دەججال ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دىگەن : « ئۇ ئاشۇنداق ھالەتتە ، ئاللاھ ئەيساغا ۋەھيي قىلىدۇ : مەن ھىچكىم ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلالمايدىغان بەندىلىرىمنى چىقىرۋەتتىم . بەندىلىرىمنى تۇر تېغىدىكى بىخەتەر جايغا ئېلىپ بارغىن . ھەمدە ئاللاھ يەجۇج ۋە مەجۇجنى ئەۋەتىدۇ . ئۇلار ھەر بىر دۆڭدىن توپ-توپ بولۇپ چۈشىدۇ . ئۇلارنىڭ بېشى تىبرىيە كۆلىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭدىكى سۇلارنى ئىچىۋىتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ : " ئىلگىرى بۇ يەردە سۇ بارمىدى ." دەيدۇ . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 2937 ] ( 171-، 3437- سۇئاللارغا قاراڭ )

ئاندىن قىيامەت ئالامەتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولۇپ تېز سۈرئەتتە كىلىدۇ . ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : ئالامەتلەر خۇددى يىپتىن مارجان چۈشكەندەك كەينى-

كەيندىن كىلىدۇ . [ تەبەرانى مۇئىجەم ئەل ئەۋسەت تە نەقىل قىلغان ، ھەمدە ئەلبانىي سەھىيھ جامىئىدا ئۇنى سەھىيھ دەپ تۆرگە ئايرىغان . ] ئاندىن قۇياش غەربتىن كۆتۈرلىدۇ ، بىر مەخلۇق پەيدا بولىدۇ ، ئاندىن تاغ گۈمۈرلەشلەر ، ۋە باشقا چوڭ ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ . ئاللاھتىن ئۆلگىچە مۇستەھكەم تۇرۇشنى سورايمىز ، ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

تىخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۆچۈن : د. ئابدۇل ئەلىيم بەستەۋىينىڭ بىز كۈتىۋاتقان مەھدىي 1 356 ، يۇسۇف ۋابىلنىڭ قىيامەت ئالامەتلىرى 249–ب ، ۋە 3259– سۇئالغا قاراڭ . ]